بىسمىللائىررەھمانىررەھىم

# تورۇنتو ئۇيغۇر مەسجىدى نىزامنامىسى

## تەشكىلى پىرىنسىپلار

**1-ماددا :** *تورۇنتو ئۇيغۇر مەسجىدى كانادا ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئەنگە ئېلىنغان (چەرىتي) خەيرى - ساخاۋەت ،ئىجتىمائى پائالىيەت ۋە مۇلازىمەت مۇئەسسەسەسى بولۇپ كانادانىڭ قانۇن ۋە قىممەت قاراشلىرىغا ئۇيغۇن ئاساستا ئۆز خىزمەتلىرىنى قانات يايدۇرۇشقا تولۇق ھوقۇقلۇق مۇستەقىل بىر تەشكىلى ئورگان .*

**2-ماددا :** *مەسجىد ئاللاھنىڭ ئۆيى ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىبادەتخانىسى . شۇنىڭ ئۈچۈن تورۇنتو ئۇيغۇر مەسجىدى بارلىق ئۇيغۇرلارنىڭ ناماز ئوقۇيدىغان ،قۇرئان تىلاۋەت قىلىدىغان ياشلار ۋە پەرزەنتلىرىمىزنىڭ قۇرئان ساۋادىنى چىقىرىدىغان ،ئانا تىلىنى ئۆگىنىدىغان، ھەرخىل دىنى پائالىيەتلەرنى ، نەزىر-چىراقلارنى ئېلىپ بارىدىغان ،شەرقى تۈركىستاندا بولۇپ ئۆتكەن سىياسى ۋەقەلەرنى ،شىھىتلارنى خاتىرلەيدىغان ،ئەخلاق تەربىيەسى ،دىنى ۋە مىللى كىملىك تەربىيەسى ئېلىپ بارىدىغان ،ئۇيغۇر مەدىنىيتى ۋە ئۆرپە-ئادەتلىرىمىزگە ۋارىسلىق قىلىدىغان ئورتاق چوڭ بىر ئائىلىسى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ .*

**3-ماددا :** *ئۇيغۇر مەسجىدىمىز ئىسلامى پىرىنسىپلارغا ئۇيغۇن ھالدا ھەرقانداق بىر شەرقى تۈركىستانلىققا ،مۇسۇلمانلارغا ھەرزامان ئوچۇق- بولۇپ بىر پۈتۈن ئۇيغۇر جامائەتچىلىكىنى شەكىللەندۈرۈش ھەمدە زورايتىش ئۈچۈن خالىسانە خىزمەت قىلىدۇ .*

**4 - ماددا :** *تورۇنتو ئۇيغۇر مەسجىدىنىڭ تەشكىلى قۇرۇلمىسى بىر رەئىس ،بىر ئىمام ۋە 7 دىن 15 گىچە تاق سان بولغان ھەيئەت ئەزالىرىدىن تەركىپ تاپىدۇ . رەئىس سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كېلىدۇ . ھەر 3 يىلدا بىر قېتىم دىموكراتىك شەكىلدە خەلق تەرىپىدىن سايلام ئېلىپ بېرىلىدۇ . جامائەت ئۆز ئىمامىنى تەيىنلەيدۇ . رەئىس ۋە ئىمام مەسلىھەت كېڭەش ئارقىلىق جامائەت ئارىسىدا مۇئەييەن ئورنى ۋە ھۆرمىتى بولغان ،ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن ئاكتىپلىق بىلەن خالىس خىزمەت قىلىدىغان شەخسلەردىن ھەيئەت ئەزالىرىنى تەشكىللەيدۇ .*

**5-ماددا :** « *a* » **رەئىسنىڭ ۋەزىپىسى :-** *ئۇيغۇر مەسجىدىنىڭ ئومۇمى خىزمەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ ،مەسجىدىنىڭ تەشكىلى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ ،ئايدا بىر قېتىم دائىمى ئەزالار يىغىنى چاقىرىپ قەرەرلىك ھالدا قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرىدۇ ،كۆرۈلگەن مەسىلىلەرنى ھەيئەت ئەزالىرى بىلەن بىرلىكتە ھەل قىلىدۇ .* « b » **ئىمامنىڭ ۋە زىپىسى :-** *ئۇيغۇر مەسجىدىنىڭ دىنى خىزمەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ . ئايدا ۋەياكى ئىككى ھەپتىدە بىر قېتىم ئېلىپ بارىدىغان دىنى سۆھبەتنى ئورۇنلاشتۇرىدۇ ،(دىنى سۆھبەتكە مەسجىد ھەيئەت ئەزالىرى چوقۇم قاتنىششى*

شەرت ) ھەمدە نەزىر-چىراق ،ئۆلۈم -يىتىم ،نىكاھ-توي ، روزا -رامىزان ،قۇربان ھېيت قاتارلىق پالىيەتلەردە ئىمامەتچىلىك قىلىش بىلەن بىرگە رەئىسنىڭ خىزمىتىگە ماسلىشىدۇ .

**6 -ماددا :**ئۇيغۇر مەسجىدى دائىمى ھەيئەت ئەزالىرى مەسجىدنىڭ ئالى شۇراسى بولۇپ بارلىق ئېلىنغان قارار مەسلىھەت ،مەسجىدنى تەرەققى قىلدۇرۇش ،كېڭەيتىش پىلانلىرىنى مۇزاكىرە قىلىش ،ئىقتىسات توپلاش چارە -تەدبىرلىرى ئەملى ئىشلار ۋە قائىدە -تۈزۈملەر مەسجىد ھەيئەت ئەزالىرىنىڭ مۇزاكىرىسى ئارقىلىق كۆپ سانلىق ئاۋازنىڭ ماقۇللىشى بىلەن كۈچكە ئىگە بولىدو ۋە ئىجرا قىلىنىدۇ .دائىمى ھەيئەت ئەزالىرى رەئىسنىڭ خىزمەت تەقسىماتى بويىنچە ئىش ئېلىپ بارىدۇ .

**7-ماددا :**ئۇيغۇر مەسجىدىنىڭ ئىقتىسادى كىرىمى بارلىق ئۇيغۇر جامائىتىگە ئوچۇق.جامائەتنىڭ ئىقتىسادى جەھەتتىن مەسجىدىمىزنى ھەرۋاقىت قوللىشىنى ۋە نازارەت قىلىشىنى قارشى ئالىدۇ .مەسجىدىنىڭ مالىيەسى بوغالتىر ۋە كاسسىردىن تەركىپ تاپقان ئۈچ كىشىلىك ئىشەنچىلىك مالىيە خادىملىرى تەرپىدىن كانادانىڭ ستاندارتلىرىغا ئۇيغۇن مالىيە سىستىمىسى بويىنچە باشقۇرىلىدۇ .ئېئانە قىلغۇچىلارغا تالۇن كىسىپ بېرىلىدۇ ،ئاممىۋى سورۇنلاردىن پايدىلىنىپ جامائەتكە مەسجىدىنىڭ كىرىم -چىقىم ئەھۋالىدىن قەرەرلى دوكىلات قىلىپ تۇرىلىدۇ .

**8-ماددا :**تورۇنتۇ ئۇيغۇر مەسجىدىنىڭ رەھبەرلەر قاتلىمى ئىستىل جەھەتتىن ھەرۋاقىت جامائەت ئىشلىرىدا ئادىل ۋە بىتەرەپ بولىدۇ ،يۇقۇرى مەسۇلىيەتچانلىق بىلەن بىرلىك ۋە باراۋەرلىكنى قوغدايدۇ ،كانادادىكى شەرقى تۈركىستانلىقلارنىڭ بارلىق سىياسى ۋە ئىجتىمائى تەشكىلاتلىرىنى قوللايدۇ ،خىزمەتلىرىگە يېقىندىن ياريۆلەك بۇلىدۇ .

**9 -ماددا :** خىتتاي تەسىرىنىڭ مەسجىدىمىزگە سىڭىپ كىرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن مەيلى رەئىس ،مەيلى ئىمام ۋە ياكى ھەيئەت ئەزالىرى بولسۇن سىرتتىن كەلگەن ياردەم ۋە تەكلىپلەرگە يالغۇز كۆرۈشۈشكە ۋە قارار بېرىشكە بولمايدۇ .ئەگەر ياخشى نىيەت خالىس كۆڭلى بىلەن ياردەم قىلىشنى خالىغان قېرىنداشلىرىمىز مەسجىد ھەيئەت ئەزالىرىنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنىغا قاتنىشىپ ئۆز تەكلىۋىنى ئوچۇق-يورۇق ئوتتۇرىغا قويسا بولىدۇ . مۇبادا بەزى ساخاۋەتچى دوسلىرىمىز ئۆزىنى ئاشكارلاشنى خالىمىسا پىكىرىگە ھۆرمەت قىلىنىدۇ ،ئەلۋەتتە .

## قائىدە تۈزۈملەر

**10-ماددا :**مەسجىددە ئېلىپ بېرىلىدىغان بارلىق پالىيەت يىغىنلاردىن مەسجىد ئىدارە ھەيىيتى خەۋەردار بولۇشى ،شۇنداقلا قۇرئانغا ،سۈننەتكە ،ئىسلامى قايىدىگە ئۇيغۇن بولۇشى شەرت .

**11-ماددا :** مەسجىدگە تەئەللۇق بولغان قۇرئان ، ھەدىس ، دىنى كىتاب ۋە ئوقۇشلۇق ماتېرىياللار ۋە باشقا قازان -قومۇچ مۈلۈكلەرنى ئاسراش ، مەسئۇل خادىمنىڭ رۇخستى بىلەن ئارىيەتكە بېرىلىشى ھەم ۋاختىدا قايتۇرلىشى كېرەك .

**12-ماددا :** مەسجىد ھەيئەت ئەزالىرى ئۇدا 3 قېتىم ھەيئەت ئەزالىرى يىغىنىغا قاتناشمىسا ھەيئەت ئەزالىق سالاھىتى ئۆزلىگىدىن ئەمەلدىن قالىدۇ . ۋە يەنە ھەرخىل سەۋەپلەر بىلەن ھەيئەت ئەزالىغىدىن چېكىنگەنلەرنىڭ بوش ئورنى رەھبەرلىك تەرىپىدىن تولۇقلىنىدۇ .

**13-ماددا:** مەسجىد ئىدارە ھەيئەتلىرى ئىچىدە تەرەپبازلىق شەللەلەندۈرۈشكە ،ئۆئارا پىتنە تارقىتىشقا ،ئىچكى قىسىمدا بولغان سۆھبەتلەرنى سىرىتقا توشۇپ ئىتتىپاقسىزلىق ۋە ياخشى بولمىغان ئەھۋاللارنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەپ بولىشىغا يول قويۇلمايدۇ . ئەگەر بۇخىل ئەھۋاللار بايقالسا دەرھال تۈزىتىلىدۇ ، ئاگاھلاندۇرىلىدۇ ، زۆرۈر بولسا ھەيئەت ئەزالىغىدىن قالدۇرلىدۇ .

**14-ماددا :** مەسجىددە ئېلىكتىرىك ،سۇ ۋە باشقا نەرسىلەرنى ئىشلەتكەندە تېجەپ ئىشلىتىش ،ئىسراپچىلىق قىلماسلىق تەلەپ قىلىنىدۇ .

**15-ماددا :** مەسجىدتە يۈز بەرگەن ھەرقانداق ۋەقە ھادىسىلەردىن ۋە زىيان زەخمەتتىن مەسجىد ئىدارە ھەيئىتىنىڭ خەۋرى بولۇشى ، سۈرۈشتە قىلىنىشىنى ئەگەر زىيان بولسا تۆلىتىۋىلىنىشى كېرەك .

**16-ماددا :** تۆۋەندىكى ئىش -ھەركەتلەرنىڭ مەسجىددە ئېلىپ بېرىلىشىغا يول قويۇلمايدۇ ؛

ئا . تۇغۇلغان كۈن ۋە باشقا يىللىق خاتىرە تەبرىكلەشلەر ئېلىپ بېرىلمايدۇ .

ب . ئۆي ئىمارەت باشقۇرۇش شەرتلىرى بويىنچە كېچىدە مەسجىدتە قونۇپ قىلىشقا بولمايدۇ .

س . مەسجىدتە تاماكۇ چېكىش مەنئى قىلىنىدۇ .

**17-ماددا :** جامائەتنىڭ ئامانلىغى ۋە مەسجىدنىڭ بىخەتەرلىگى ئۈچۈن تۆۋەندىكى قايىدىلەرگە رىئايە قىلىنىشىنى شەرت .

ئا . ناتونۇش ئادەملەرگە مەسجىد ئىشىگىنىڭ مەخپى نومۇرىنى بېرىشكە بولمايدۇ .

ب . باشقىلارنىڭ مەسجىدنىڭ تېمپىراتۇرا تەڭشىگۈچىنى خالىغانچە ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ زۆرۈر بولسا مۇناسىۋەتلىك خادىملارنى ئىزدىشى كېرەك .

س . كىچىك باللارنىڭ ئاتا -ئانىسىز مەسجىدتە يالغۇز قىلىشىغا بولمايدۇ .

د . مەسجىدتىن ئايرىلغاندا بارلىق چىراقلارنىڭ ئۆچۈرۈلىشىگە كاپالەتلىك قىلىنىشى كېرەك .

**18- ماددا :** ھەربىر كىشى مەسجىدنىڭ تازىلىقىغا ئاڭلىق رىئايە قىلىشى، پاكىز رەتلىك بولىشىغا كاپالەتلىق قىلىنىشى لازىم .

**19 - ماددا :** خوشنىلارنىڭ ماشىنا توختىتىش ئورنىنى ئىگەللىۋىلىشقا ۋە مەسجىدنىڭ ماشىنا قويۇش ئورنىنى سەۋەبسىز ئىگەللىۋىلىشقا بولمايدۇ .

**20- ماددا :** بۇ نىزامنامە ئىلان قىلىنغان كۈندىن باشلاپ ئىجرا قىلىنىدۇ . بارلىق كىشىلەرنىڭ ئاڭلىق بويسۇنىشى تەلەپ قىلىدۇ .

## قوشۇمچە ئەھكاملار

1. مەسجىدنىڭ ئىشىگىدىن ئوڭ پۇت بىلەن كىرىش ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇدلار ئوقۇلغاندىن كېيىن "يا ئاللاھ ! ماڭا رەھمىتىڭنىڭ دەرۋازىسىنى ئاچقايسەن" دەپ دۇئا قىلىش .
2. مەسجىدگە كىرگەندىن كېيىن ئىككى رەكەت نەفلە نامىزى قىلىش .
3. بىھۇدە سۆز ۋە غەيۋەتلەردىن ساقلىنىش.
4. مەسجىدكە كىرگەندە پاكىز رەتلىك كېيىنىش .
5. بىر-بىرىگە قېرىنداشلارچە سالام بىرىش ،گۈزەل سۆزلەرنى قىلىش.
6. مەسجىددىن ئايرىلغانا ئىشىكتىن سول پۇت بىلەن چىقىش ۋە "يا ئاللاھ ! پەزىلىڭدىن ئاشۇرۇپ بەرگەيسەن" دەپ دۇئا قىلىش .

**تورۇنتۇ ئۇيغۇر مەسجىدى ئىدارە ھەيئىتى**

2020/ يانۋار